2019 ـ يىل 11 ـ ئاي

4

دۈشەنبە

维吾尔文 11 月4日

# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57  ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com  24869 ـ سان  بۈگۈن 4 بەت


## شى جىنپىڭ 2 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىدۇ ھەم ئاساسىي مەقسەت نۇتقى سۆزلەيدۇ

### رادىيو ـ تېلېۋىزىيە، ئاخبارات تور بېكەتلىرى نەق مەيداندىن بىۋاسىتە تارقىتىدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 2 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسى 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن شاڭخەيدە ئېچىلىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىدۇ ھەم ئاساسىي مەقسەت نۇتقى سۆزلەيدۇ.

شۇ چاغدا، مەركىزىي رادىيو ـ تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال قانىلى، ئاخبارات قانىلى، چەت ئەل تىلى قانىلى قاتارلىق تېلېۋىزىيە قاناللىرى، جۇڭگو ئاۋازى، يەر شارى ئۇچۇر رادىيوسى قاتارلىق رادىيو چاستوتىلىرى ھەمدە شىنخۇا تورى نەق مەيداندىن بىۋاسىتە تارقىتىدۇ. ھەرقايسى ئاخبارات تور بېكەتلىرى، يېڭى تارقىتىش سۇپىلىرى ماس قەدەمدە ئۇلاپ تارقىتىدۇ.

## شى جىنپىڭ شاڭخەيدە تەكشۈرۈشتە بولغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان خەلقئارا چوڭ شەھەرنىڭ ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك



11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 3 ـ كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ شاڭخەيدە تەكشۈرۈشتە بولدى. سۈرەتتە: 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، شى جىنپىڭ ياڭپۇ رايونى بىنجياڭ ئاممىۋى بوشلۇق ياڭشۇپۇ سۇ زاۋۇتىنىڭ بىنجياڭ بۆلىكىدە ئارام ئېلىۋاتقان، بەدەن چېنىقتۇرۇۋاتقان شەھەر ئاھالىلىرى بىلەن سەمىمىي پاراڭلاشماقتا. □شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى شې خۇەنچى فوتوسى



11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 3 ـ كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ شاڭخەيدە تەكشۈرۈشتە بولدى. سۈرەتتە: 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، شى جىنپىڭ چاڭنىڭ رايونى خۇڭچياۋ كوچا باشقارمىسى گۇبېي شەھەر ئاھالىلىرى مەركىزىدە، قانۇن چىقىرىش بويىچە پىكىر ئېلىشقا قاتنىشىۋاتقان مەھەللە ئاھالىلىرى ۋەكىللىرى بىلەن سەمىمىي پىكىر ئالماشتۇرماقتا. □شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى شې خۇەنچى فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شاڭخەي، 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا شاڭخەيدە تەكشۈرۈشتە بولغاندا مۇنداق تەكىتلىدى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، زامانىۋىلاشقان ئىقتىساد سىستېمىسى ئورنىتىشنى تېزلىتىپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ئالغا سىلجىتىش سالمىقىنى زورايتىپ، چاڭجياڭ دېلتىسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارغا پۇختا تاقابىل تۇرۇپ، باتۇرلۇق بىلەن ئەڭ ئېغىر يۈكنى زىممىگە ئېلىپ، دادىللىق بىلەن ئەڭ قاتتىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، شەھەرنىڭ فۇنكسىيەلىك دەرىجىسى ۋە يادرولۇق رىقابەت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ ئۆستۈرۈپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان خەلقئارا چوڭ شەھەرنىڭ ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى ۋە ئىدارە قىلىش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 3 ـ كۈنىگىچە، شى جىنپىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، شاڭخەي شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى لى چياڭ ۋە شەھەر باشلىقى يىڭ يۇڭنىڭ ھەمراھلىقىدا شاڭخەي ياڭپۇ بىنجياڭ، گۇبېي مەھەللىسىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، شەھەر ئاممىۋى بوشلۇق يېرىك پىلانى قۇرۇلۇشى، مەھەللە ئىدارە قىلىش ۋە مۇلازىمەت قاتارلىقلار توغرىسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار، ئامما بىلەن سەمىمىي پىكىر ئالماشتۇردى.

11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، شى جىنپىڭ ياڭپۇ رايونى بىنجياڭ ئاممىۋى بوشلۇق ياڭشۇپۇ سۇ زاۋۇتىنىڭ بىنجياڭ بۆلىكىگە كېلىپ، سىن ۋە كۆپ ۋاستىلىك كۆرسىتىشكە بىرلەشتۈرۈپ، خۇاڭپۇجياڭ دەرياسى ئىككى قىرغىقى يادرولۇق رايونىدىكى 45 كىلومېتىرلىق ئاممىۋى بوشلۇقنى تۇتاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى ۋە ياڭپۇ بىنجياڭ ئاممىۋى بوشلۇق قۇرۇلۇشى ئەھۋالىدىن بىرلىگەن دوكلاتنى ئاڭلىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شاڭخەي شەھىرى خۇاڭپۇجياڭ دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىنى تۇتاشتۇرۇش ھەم بىنجياڭ قىرغاق لىنىيەسىنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىگە تۈرتكە بولدى، ياڭپۇ بىنجياڭ تەدرىجىي ھالدا زاۋۇت ئامبىرىنى ئاساس قىلغان ئىشلەپچىقىرىش قىرغاق لىنىيەسىدىن تېپىنى ئۆزگەرتىپ باغچە يېشىللىقىنى ئاساس قىلغان تۇرمۇش قىرغاق لىنىيەسى، ئېكولوگىيە قىرغاق لىنىيەسى، مەنزىرە قىرغاق لىنىيەسىگە ئايلاندى، ئىلگىرىكى سانائەت كونا بەلبېغى تۇرمۇش گۈزەل بەلبېغىغا ئۆزگىرىپ، شاڭخەي ئۈچۈن بىر گۈزەل مەنزىرە لىنىيەسى قوشۇلدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: مەدەنىيەت شەھەرنىڭ روھى. شەھەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئالدىنقىلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ مۇجەسسەملىنىشى بولۇپ، شەھەرنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنى، سۈپىتى، خاسلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى. قوغداش بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، شەھەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت تومۇرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، شەھەردىكى كونا ئىمارەتلەرگە خۇددى «ياشانغانلار»غا مۇئامىلە قىلغاندەك ھۆرمەت قىلىپ ۋە ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، شەھەردىكى تارىخىي مەدەنىيەت خاتىرىلىرىنى ساقلاپ قېلىپ، كىشىلەرگە تارىخنى ئەستە ساقلىتىپ، يۇرتقا بولغان سېغىنىشنى ئەستە ساقلىتىپ، مەدەنىيەت ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، ئائىلە دۆلەت مۇھەببىتىنى كۈچەيتىش كېرەك.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## مەركەز قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش 21 ـ نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خىزمىتىگە «قايتا قاراپ چىقىش» دوكلات يىغىنى ئۆرۈمچىدە ئېچىلدى

مۇخبىرىمىز **ياڭ شۈخەن** خەۋەر قىلىدۇ: پۈتۈن مەملىكەتنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرمىسى ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى 2 ـ قېتىملىق ئالغا سىلجىتىش يىغىنىنىڭ روھى بويىچە، مەركەز قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش 21 ـ نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك قىلىش بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش»نى قانات يايدۇردى. 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، مەركەز قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش 21 ـ نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خىزمىتىگە «قايتا قاراپ چىقىش» دوكلات يىغىنى ئۆرۈمچىدە ئېچىلدى، نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى سۇڭ داخەن مەركەز قارا،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتگۇرۇپپىسى يىغىنىدا پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

### جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتگۇرۇپپىسى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى. يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تارىخىي بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## ئاڭلىق ھالدا تۈزۈمگە ھۆرمەت قىلىش  تۈزۈمنى قاتتىق ئىجرا قىلىش  تۈزۈمنى قەتئىي قوغداش

### ـــ پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار، ئامما ئارىسىدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى

ئۇلۇغ مۆۋەپپەقىيەتلەر كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدۇ، ھەيۋەتلىك مۇساپىدە يەنە يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كېلىدۇ. ئۇدا بىرقانچە كۈندىن بۇيان، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار، ئامما ئارىسىدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى. كۆپچىلىك مۇنۇلارنى بىلدۈردى: 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاڭلىق ھالدا تۈزۈمگە ھۆرمەت قىلىمىز، تۈزۈمنى قاتتىق ئىجرا قىلىمىز، تۈزۈمنى قەتئىي قوغدايمىز.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)


شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تارقىتىش سۇپىسى

新疆头条 APP  微信公众号  新疆日报网  天山网 APP



جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيە مەكتىپى (مەمۇرىيەت ئىنىستىتۇتى) خىزمىتى نىزامى»نى بېسىپ تارقاتتى

2 ـ بەتتە

خەلق گېزىتى ئوبزورچى ماقالىسى

دۆلەت ئىدارە قىلىشنىڭ ئاچقۇچى ۋە ئاساسىنى توغرا ئىگىلەيلى

ـــ پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

3 ـ بەتتە

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي  بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

قاتتىق نازارەت قىلىپ ئەمەلىي يېتەكچىلىك قىلىش  باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم كۆرۈلۈشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش

ـــ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى سەييارە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىلىرى 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنىڭ پۇختا قانات يايدۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى

3 ـ بەتتە